# پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇلاغلىق ياكى پىيادە قۇبا مەسچىتىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇ يەردە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇلاغلىق ياكى پىيادە قۇبا مەسچىتىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇ يەردە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى. يەنە بىر رىۋايەتتە:
پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ھەر شەنبە كۈنىدە ئۇلاغلىق ياكى پىيادە قۇبا مەسچىتىنى زىيارەت قىلاتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلاتتى
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنىڭ ھەر ئىككى رىۋايىتى بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان]

قۇبا رايونى بولسا ئىسلامدا تۇنجى قېتىم مەسجىد بىنا قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، مەدىنە ئەتراپىدىكى مەدىنىنىڭ شەھەر مەركىزىگە ئەڭ يېقىن رايون ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام قۇبا مەسجىدىنى ئۇلاغلىق ياكى پىيادە كېلىپ زىيارەت قىلاتتى، بەزى كۈنلەرنى زىيارەتكە خاس قىلاتتى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنىدە قۇبا مەسجىدىگە زىيارەتكە كېلىشىدىكى ھېكمەت: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئەنسارىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش مەقسىتى بىلەن، ئۇلارنى يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئۆزى بىلەن جۈمە نامىزىغا ھازىر بولالمىغانلارنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى، مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ قۇبا زىيارىتىنى شەنبە كۈنىگە خاسلاشتۇرۇشتىكى سىر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3443

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee